

## إذا أراد الله شيئا هيأ له أسبابه

# الله ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ


شەھىد ئەنۋەر ئەۋلاقى (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھاجىر نۇرۇللاھ



تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

إذا أراد اللّه شيئا هيأ له أسبابه

# اللّٰه ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ

شەھىد ئەنۋەر ئەۋلاقى (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھاجىر نۇرۇللاھ

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## بسم الله الرحمن الرحيم

الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، دۇرۇت ۋە سالاملار يولباشچىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

ئەزىز قېرىنداشلار! الله نىڭ سالامى، رەھمەت ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن.

«الله ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ» تېمىسىدىكى مەزكۇر لېكسىيە ئىبنى ئەسىرنىڭ **«الكامل في التاريخ»** ناملىق كىتابىدىكى سۆزلىرىدىن ئېلىنغان. ئۇ كىشى: «الله ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ» دېگەن. بىز مانا مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا «الله تائالا ئىسلام ئۇممىتىگە ياردەم بېرىدۇ» دېگەن تېمىدا قىسقىچە توختالماقچىمىز. چۈنكى بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا الله نىڭ غەلىبە قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىۋاتقانلىقىغا شاھىد بولماقتىمىز.

تۇنجى سۆزىمىز شۇكى، الله تائالا بۇ ئۇممەتكە ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلغانمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ۝إِنَّ فِي هَذَا لَبَلَاغًا لِقَوْمٍ عَابِدِينَ۝**﴾ «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت

زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق [105]. بۇ (قۇرئان) دا اللہ قا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز-نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار [106]»①. مانا بۇ الله نىڭ سەيىيدىمىز داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇردا نازىل قىلىنغان ۋەدىسىدۇر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ سَبَقَتْ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا الْمُرْسَلِينَ۝إِنَّهُمْ لَهُم الْمَنْصُورُونَ۝وَإِنَّ جُنْدَنَا لَهُمُ الْغَالِبُونَ۝﴾ «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171]. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر [172]. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر [173]»②. بۇمۇ ھەم الله نىڭ پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى، الله نىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زەپەر قۇچىدىغانلىقى ۋە ئۇممەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى الله نىڭ ۋەدىسىدۇر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ «ئۇلار الله نىڭ نۇرىنى (يەنى الله نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)»③. كاپىرلار ئۆچ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله نىڭ

① سۈرە ئەنبىيا 105- ۋە 106- ئايەت.
② سۈرە سافقات 171- ئايەتتىن 173- ئايەتكىچە.
③ سۈرە سەف 8- ئايەت.

دىنى يەر يۈزىگە تارايدۇ، بۇ بولسا الله نىڭ ۋەدىسىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ اسْتَعِينُوا بِاللَّهِ وَاصْبِرُوا﴾ «مۇسا ئۆز قەۋمىگە: <الله تىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار> دېدى»[1]. بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى الله تىن ياردەم سوراشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «واستعن بالله ولا تعجز» «الله تىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىق قىلمىغىن»[2].

ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش لازىم، چۈنكى ئۇتۇق قازىنىش سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اسْتَعِينُوا بِاللَّهِ وَاصْبِرُوا إِنَّ الْأَرْضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ «الله تىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ»[3]. زېمىنغا الله ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئاسمان-زېمىنلاردىكى بارچە نەرسىلەر الله نىڭ تەسەررۇپاتىدۇر. گەرچە بۈگۈن ئۈستۈنلۈك كاپىرلار تەرەپتە بولسىمۇ، ئاخىرقى غەلىبە تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ «ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ»[4]. تارىخ كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق ئاخىرقى غەلىبە تەقۋادار مۆئمىنلەر تەرەپتە بولغان.

[1] سۈرە ئەئراف 128- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە ئەئراف 128- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە ئەئراف 128- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [55]»[1].

الله تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئورۇنباسار بولۇش ئۈچۈن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بولۇشى كېرەك. الله تائالا بۇ ئۈممەتكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىر قانچە ئايەتتە ۋەدە قىلغان. ئەنە شۇ ئايەتلەر الله نىڭ بۇ ئۈممەتكە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا دەلىل بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

ئۇنداقتا دىققەت نەزىرىمىزنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بىر قىسىم ھەدىسلىرىگە

[1] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەت.

قارىتايلى.

پەيغەمبەر ﷺ كەلگۈسىدىن قىسقىچە بېشارەت بېرىدىغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ستكون فيكم النبوة ما شاء اللَّه أن تكون، ثم ينزعها اللَّه إذا شاء أن ينزعها، ثم تكون خلافة راشدة فتكون فيكم ما شاء اللَّه أن تكون ثم ينزعها اللَّه إذا شاء أن ينزعها، ثم تكون ملكا عضوضا فتكون فيكم ما شاء اللَّه أن تكون ثم ينزعها اللَّه إذا شاء أن ينزعها، ثم تكون ملكا أو حكما جبريا فتكون فيكم ما شاء اللَّه أن تكون ثم ينزعها اللَّه إذا شاء أن ينزعها، ثم تكون خلافة على منهاج النبوة» «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا الله خالىغان مۇددەتكىچە پەيغەمبەرلىك داۋام قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى خالىغان مۇددەتتە تارتىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولىدا ماڭغان خەلىپىلىك مەيدانغا كېلىدۇ ۋە الله خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تارتىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن زالىم پادىشاھلىق تۈزۈمى بولىدۇ ۋە الله خالىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تارتىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھلىق تۈزۈمى ياكى زوراۋان ھاكىم بارلىققا كېلىدۇ ۋە الله خالىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تارتىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولى ئۈستىدە ماڭىدىغان خەلىپىلىك تۈزۈمى بارلىققا كېلىدۇ». [1]

تۆۋەندە مانا بۇ تارىخنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## بىرىنچى باسقۇچ

پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك باسقۇچى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشلىنىپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا ئاخىرلاشقان توغرا يولدا ماڭغۇچى خەلىپىلىك باسقۇچى. ئاندىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن باشلانغان ئىسلامىي پادىشاھلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلىپ، ئارقىدىنلا ئابباسىيلار دۆلىتى قۇرۇلغان ۋە ئوخشاشلا پادىشاھلىق باسقۇچىدا داۋام قىلغان. ئاندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ھۆكۈم ئىجرا قىلىدىغان بىر قانچە كىچىك پادىشاھلىقلار بارلىققا كەلگەن.

ئوسمانىيلار دەسلىپىدە «سۇلتان» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن خەلىپىلىك نامىنى قوللانغان. بۇ باسقۇچ كىشىلەرگە قاتتىق قوللۇق قىلىدىغان زالىم پادىشاھلىق باسقۇچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئومۇمىي ھالەتتە الله نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ئۇممەتكە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى، الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئىسلام چېگرالىرىنى قوغدايتتى، ئۇممەتنىڭ مۇقەددىساتلىرىنى قوغداپ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە الله نىڭ جازا بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلاتتى. لېكىن قىسمەن ۋاقىتلاردا زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك يۈز بېرىپ قالاتتى. ئاندىن كېيىن پادىشاھلىق بىلەن ئاتالغان زوراۋان

ھۆكۈمرانلار بارلىققا كەلدى. يەنى كىشلەرگە زوراۋانلىق قىلىدىغان، بىز بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا كۆرۈۋاتقان دىكتاتورا پادىشاھلىق تۈزۈمى بارلىققا كەلدى.

ئىسلام خىلاپىتى يىقىلىپ، ئىسلام ئۈممىتى بىر قانچە كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. نەتىجىدە، ھەربىر دۆلەت ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئىشلار بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلمىدى ۋە تىرىشمىدى؛ باشقا دىندىكىلەرنى ئىسلامغا چاقىرمىدى؛ ئىلگىرىكى خەلىپىلەر زامانىدا پەيسىللىك قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ تۇرغاندەك، قوشۇنلارنى ئەۋەتمىدى.

فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: «بىر يىلدا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر ياكى ئىككى قېتىم دۈشمەنگە قارشى قوشۇن ئەۋەتىش خەلىپىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر. خەلىپىلەر (ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا) رۇملۇقلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن بىز ھازىر ئىستانبۇل دەپ ئاتاۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قۇستانتىنىيىگە ياز ۋاقىتلاردا قوشۇن ئەۋەتەتتى. ئۇلار بۇنى **«بالصوائف»** <يازلىق قوشۇن> دەپ ئاتايتتى».

مۇشۇ باسقۇچتىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثم تكون خلافة على منهاج النبوة» «ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولى ئۈستىدە ماڭىدىغان خەلىپىلىك تۈزۈمى بارلىققا كېلىدۇ».[①] پەيغەمبەرنىڭ يولى

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇستىدە ماڭىدىغان خەلىپىلىك تارىختا بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىلىك بولۇپ، بۇ ھەدىستە الله نىڭ بۇ ئۇممەتكە غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «فيبلغ هذا الدين ما بلغ الليل والنهار ولا يترك اللّٰه بيت مدر ولا وبر إلا أدخله اللّٰه الإسلام» «كېچە ۋە كۈندۈز يېتىپ بارغان جايلارغا بۇ دىنىنىڭ دەۋىتىمۇ يېتىپ بارىدۇ. الله تائالا بىرەر ئۆي ۋە بىرەر چېدىرمۇ قالدۇرماي ئۇنىڭغا ئىسلامنى كىرگۈزىدۇ».[1] ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى يەتكەن جايلارغا ئىسلام دىنى يېتىپ بارىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ! بۇ دۇنيادا كېچە-كۈندۈز بولمايدىغان بىرەر جاي بارمۇ؟

دېمەك، يېقىن كەلگۈسىدە ئىسلام دىنى پۈتكۈل زېمىنغا تارقىلىدۇ. يەنى، شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردىكى ھەربىر ئۆيگە ئىسلام دىنى كىرىدۇ. ئىسلام دەۋىتى يەر يۈزىدىكى ھەربىر ئۆيگە ئەزىز كىشىنى تېخىمۇ ئەزىز، خار كىشىنى تېخىمۇ خار قىلىپ يېتىپ بارىدۇ. الله تائالا ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز كىشى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ئەزىز قىلىدۇ، شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى خار قىلىدۇ. يەنى، كەلگۈسىدە ئىسلام دىنى ئىسلامنى تاللىغان كىشىلەرنى الله نىڭ ئەزىزلىككە ئېرىشتۈرۈپ ئەزىز قىلىشى، خار كىشىلەرنى فەتھى ئارقىلىق ئىسلامغا بويسۇندۇرۇپ خار قىلىشى بىلەن

[1] ئەھمەد توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

ھەربىر ئۆيگە كىرىدۇ. دېمەك، بۇ ھەدىس ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تارايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

بەزىدە كاللىمىزغا «ئىسلام دەۋەت شەكلىدە تارقالسىمۇ، لېكىن زېمىننىڭ ھەممىسىگە الله نىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدىغان ھاكىم سۇپىتىدە يېتىپ بارمايدۇ» دېگەن خىيال كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مۇنۇ ھەدىس بۇنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: «إن اللَّه زوى لي الأرض فرأيت مشارقها ومغاربها وإن أمتي سيبلغ ملكها ما زوى لي منها» «شۈبھىسىزكى، الله تائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ كۆرسەتتى، مەن زېمىننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبلىرىنى كۆردۈم. ھەقىقەتەن ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى ماڭا كۆرسىتىلگەن يەرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ».① ئەۋۋەلقى ھەدىس دەۋەتنى، ئىككىنچى ھەدىس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، دەۋەت پۈتكۈل زېمىنغا يېتىپ بارغاندەك، پادىشاھلىقمۇ پۈتكۈل زېمىنغا يېتىپ بارىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر كاتتا خۇشاللىقلاردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەنە شۇ خۇش بېشارەتلەر بەزىدە ئۈممەتنىڭ كەڭرىچىلىك ۋاقىتلىرىدا يۈز بەرسە، يەنە بەزىدە قىيىنچىلىق شارائىتلىرىدا يۈز بېرىدۇ. بېشارەتتىن بەزى كىشىلەر خۇشال بولۇپ دىللىرى يايراپ كەتسە، بەزى كىشىلەر بۇ ۋەدە ۋە بېشارەتلەر رېئاللىققا ئۇدۇل كەلمىدى دەپ ئويلاپ پىتنىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

① مۇسلىم توپلىغان.

مەسىلەن، ساھابىلەر خەندەك كولاۋېتىپ چوڭ قورام تاشقا دۇچ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا كاتتا فەتھىلەردىن خۇش بېشارەت بەرگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا قۇرەيش، غەتپان ۋە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن مەدىنە ئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر مۇناپىق «بىرەرىمىز خاتىرجەم ھاجەتكىمۇ بارالمايۋاتساق مۇھەممەد بىزگە پارس ۋە رۇمنىڭ فەتھىسىدىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ» دەپ پىتنىگە چۇشكەن ئىدى.

بۇ بېشارەتلەر كىشىلەر سىنىلىدىغان بىر ئىمتىھاندۇر. مۇئمىن كىشى بۇنداق بېشارەتلەردىن خۇشال بولىدۇ ۋە «بۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى راس ئېيتقان، بۇ الله نىڭ ۋەدىسىدۇر، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما مۇناپىقلار «ماۋۇ سۆز مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئاۋۇ سۆز رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ خام خىيال، سىلەر چۈش كۆرۈۋاتىسىلەر. ئۇممەت مۇشۇنداق ئاجىز ھالدا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بولسا تەرەققىي قىلىپ كەتكەن تۇرسا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا چىققانلىق خەۋەرلىرىنى كۆپ ئاڭلاۋاتىسىلەرغۇ!؟ بۇ بولسا راھمان تائالانىڭ ئەرشىنىڭ ئۇستىدىغۇ؟!» دېيىشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا﴾ «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز»[1]. الله تائالا

[1] سۇرە قەسەس 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بوزەك ئېتىلگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. بوزەك ئېتىلگەن كىشى پەقەت ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەن مەۋجۇد بولغان ۋاقىتتا ئاندىن بوزەك ئېتىلگەن بولىدۇ. اللە نىڭ نېئمىتىنىڭ مۆئمىنلەردە تەجەللى تېپىشى ئۈچۈن، مۆئمىنلەر قورالى ۋە سانى ئاز، تەييارلىقى ئاجىز هالەتتە قىلىنىدۇ. يەنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىدۇ. چۈنكى، جەڭ تەڭمۇ-تەڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى بولغان بولسا ئىدى، كىشلەر غەلىبىنى پەقەت دۇنيالىق سەۋەبلەرگىلا باغلىۋالغان بولاتتى ۋە «كۈچلۈك ئەسكىري تەلىم-تەربىيە ياكى زامانىۋى قوراللار سەۋەبلىك غەلىبە قازاندۇق» دەيتتى.

لېكىن مۇسۇلمان بىلەن كاپىر دۈشمەن ئارىسىدا چوڭ پەرق مەۋجۇد. شۇنداق بولغاندىلا اللە نىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن غەلىبە ئاتا قىلغانلىقى نامايان بولىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ**﴾ «اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»[①].

شۇ سەۋەبتىن اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەرنى ئاجىز، فىرئەۋننى بولسا ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلغۇچىلاردىن قىلدى. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ فِرْعَوْنَ عَلا فِي الأَرْضِ**﴾ «شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە)

---

① سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەددىدىن ئاشتى»[1]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَى﴾ «پىرئەۋن مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن دېدى»[2]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُرِيدُ أَنْ نَمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا فِي الأَرْضِ وَنَجْعَلَهُمْ أَئِمَّةً وَنَجْعَلَهُمُ الْوَارِثِينَ۝وَنُمَكِّنَ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَنُرِي فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا مِنْهُم مَّا كَانُوا يَحْذَرُونَ۝﴾ «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز [5]. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز [6]» [3].

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ياردەمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. مۇئمىن كىشى اللە نىڭ بۇ ئۇممەتكە چوقۇم ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، بۇ ئۇممەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيادىكى پۈتكۈل دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا جەزم قىلىشى كېرەك. لېكىن «قاچان؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بەزى كىشىلەر «چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۇق، لېكىن غەلىبە ناھايىتى يىراق.

---

[1] سۈرە قەسەس 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نازىئات 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەسەس 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەت.

ئۇممەت ئىنتايىن ئاجىز ۋە بۆلۈنمە ھالەتتە، دۈشمەن ئىنتىپاقلاشقان، ھوقۇق ۋە ئەسكىرىي كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا. شۇڭا بۇنداق ئاجىز ھالەتتە غەلىبە قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» دېيىشى مۇمكىن. بىز ئېيتىمىزكى، (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) الله نىڭ ئىزنى بىلەن غەلىبە يېقىندۇر، غەلىبىنىڭ يىراق ئەمەس بەلكى يېقىن ئىكەنلىكى ھەققىدە بىزگە بېرىلگەن خۇش بېشارەت ۋە دەلىللەرنى الله نىڭ ئىزنى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى مىسال

الله ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ، الله تائالا بۇ ئۇممەتكە غەلىبە قازىنىش سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىن بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئاندىن بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا نەزەر سالىمىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىدە ئۆز قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۆز قەۋمى بولغان قۇرەيشلەرنىڭ ياردەم بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ۋاقىتتا باشقا قەبىلىلەردىن ياردەم سورىغان. مۇسۇلمانلارغا بولغان بېسىم ۋە زۇلۇم يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، ئۆزى ۋە ساھابىلىرىگە چىقىش يولى ئىزدەش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ساھابىلەرنى ھەبەشىستانغا يولغا سالغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَقُلْ رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِي مِنْ لَدُنْكَ سُلْطَانًا نَصِيرًا﴾** «<پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن،

(قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن> دېگىن»[1]. الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مۇشۇ دۇئانى ئۆگەتكەن، چۈنكى دۆلەت قۇرۇش ئىشى كۈچ ـ قۇۋۋەتسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەككىدىكى ھالەتتە دۆلەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، الله تائالا شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ﷺ گە «ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ تائىفقا بارغان ۋاقىتتا رەبىئە، مۇزەر ۋە سەقىف قەبىلىلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. بۇ قەبىلىلەر ھەر يىلى مەككىگە كېلىپ جاھىلىيەت قائىدىلىرى بويىچە ھەج ۋە ئۆمرە قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ قاتتىق ئەزىيەتكە ئۇچراپ: «ماڭا جاي بەرگەن ۋە ياردەم بەرگەن كىشىگە جەننەت بولسۇن!» دېگەن.

الله تائالا مەلۇم بىر يىلى خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ (ھەجگە) كېلىشىنى تەقدىر قىلدى. خەزرەج ۋە ئەۋس قەبىلىسى يەمەننىڭ ئەزدى قەبىلىسىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. گەرچە ئۇلار بىر دادىنىڭ بالىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق جەڭلىرى قوزغىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەدىنىدىكى بەنى قەينۇقا، بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزەدىن ئىبارەت

---

[1] سۈرە ئىسرا 80 ـ ئايەت.

ئۈچ دانە يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. يەھۇدىيلار كىتاب ۋە پەيغەمبەرلىككە دائىر ئىلىملەرنى بىلەتتى.

ئەرەبلەرگە كەلسەك، ئۇلار جاھىلىيەتتە ئىلىمسىز خەلق بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيتتى.

الله تائالا مەدىنىدىكى ئەرەبلەرنى يەھۇدىيلار ئوقۇۋاتقان بەزى سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئالاقىدار بەزى چۈشەنچىلەر شەكىللەنگەن ئىدى.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئەرەبلەرگە تەھدىت سېلىپ: «پەيغەمبەر چىقىشقا ئاز قالدى. بىز ئاشۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەم قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك قىرىپ تاشلايمىز» دەپ تەھدىت سالاتتى. ئەرەبلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، يەھۇدىيلار: «سىلەرگە ھالاكەتچىلىك بولسۇن! بىز يېقىن كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بىلەن بىرگە سىلەرگە قارشى چىقىپ، ئاد ۋە ئىرەم قەۋمى ئۆلتۈرۈلگەندەك، سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز» دەيتتى. شۇ سەۋەبتىن خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مەككىگە يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە بىر پەيغەمبەر چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ: «بۇ كىشى بىزگە يەھۇدىيلار سۆزلەپ بەرگەن پەيغەمبەر شۇ ئىكەن، ئۇلار

بىزدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىۋالىسۇن. يەھۇدىيلار پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ بىزنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالاتتى، يەھۇدىيلاردىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىۋېلىپ ئۇلارنى بىز ئۆلتۈرەيلى» دېيىشتى. اللّٰه تائالا بۇ كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشىلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. مانا بۇ ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغان تۈنجى سەۋەب ئىدى.

بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا جَآءَهُمْ كِتَابٌ مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُواْ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِ﴾ «ئۇلارغا اللّٰه تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات) نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى»[①]. يەھۇدىيلار: «سىلەرگە پەيغەمبەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش ئاچىمىز ۋە يېقىندا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قازىنىمىز» دەيتتى. ئەمما پەيغەمبەر كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلدى.

ئىككىنچى مىسال

[①] سۈرە بەقەرە 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇئاس جېڭىنىڭ يۈز بېرىشى بولۇپ، بۇ جەڭدە كىشىلەر ئەگىشىدىغان ئاقساقاللار قىرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئاقساقاللار كۆپىنچە ھالەتتە دەۋەتنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە قارشى كېلىشىدىن ۋە ئۆزلىرىنى بەزى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋەتكە قارشى چىقاتتى.

ئەگەر قۇرئاندىكى (ئايەتلەرنى) تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق ﴿قَالَ الْمَلَأُ﴾ «قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئېيتتى» دېگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ ئورۇندا تەكرارلانغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار مەيلى سىياسى ياكى ئىقتىسادى ياكى ئەسكىرى تەرەپتىن بولسۇن، قەۋمىنىڭ رەھبەرلىرى ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر بولۇپ، جەمئىيەت شۇلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز تەسىر كۈچىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەۋەتكە قارشى چىقاتتى.

ئۇلار پەيغەمبەرگە ئەگەشسە، الله نىڭ ئۆزلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەي، دۇنياغا الله نىڭ نۇرى بىلەن ئەمەس بەلكى ئىنتايىن يۈزەكى نەزىرى بىلەنلا قارايتتى، يىراقنى كۆرمەيتتى، پەقەت كۆز ئالدىدا ئۆزلىرى كۆرۈۋاتقان ئىشلارنىلا ئويلايتتى، ئەتە ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلانمايتتى. مۇھىمى شۇ بولدىكى، مۇشۇ جەڭ (بۇئاس جېڭى) يۈز بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋاشلىرى قىرىلىپ كەتكەنىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كان يوم بعاث يوما قدمه اللّٰه لرسوله، فقدم رسول اللّٰه ﷺ

وقد افترق ملؤهم وقتلت سرواتهم وجرحوا، فقدمه اللَّه لرسوله» «الله تائالا بۇئاس كۈنىنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە تەقدىم قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۇلۇغ سانايدىغان كىشىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جاراھەتلەنگەن ئىدى. دېمەك، الله تائالا بۇئاس كۈنىنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن مەيدانغا چىقىرىپ بەرگەن ئىدى».[1] مانا بۇ ـــ جەمئىيەتنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاش ئۈچۈن الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە تەقدىم قىلغان ئىشتۇر. شۇ ۋاقىتتا جەمئىيەت باشسىز قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۆچ ئېلىش ۋە قەبىلىۋازلىق جەڭلىرىدىن زېرىكىپ، بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىغان بىر كىشىنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن «الله تائالا مۇھەممەد ﷺ سەۋەبلىك بىزنىڭ ئارىمىزنى ۋە قەلبلىرىمىزنى بىرلەشتۈردى» دېگەن ئىدى. دەل مۇشۇ ئىش ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇ الله بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسا سەۋەبلىرىنى ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر. الله تائالا ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بولۇشىنى خالىۋىدى، ئۇلارغا شارائىتنى ھازىرلاپ بەردى. بۇئاس ۋەقەلىكىدە گەرچە كىشىلەر ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قان تۆكۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە يامان كىشىلەر يوقالغاندىلا، ئاندىن ياخشىلىق قۇچاق ئاچىدۇ.

ئۈچىنچى مىسال

[1] بۇخارى توپلىغان.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تابىئىنلاردىن تەشكىللەنگەن 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىراققا يولغا سالدى. بۇ ئىش ئىراق زېمىنىدا مۇشۇ قوشۇندىن باشقا قوشۇن يوق ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ قوشۇن مەغلۇب بولسا ئىراق فەتھىسىنىڭ توختاپ قېلىش خەتىرى بار ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن بىرلا ۋاقىتتا ئىراق ۋە شامغا قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار رۇم ۋە پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش سېپى تۈزگەن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفى قوشۇننى باشلاپ كېتىۋاتقاندا دەرياغا دۇچ كەلدى، دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە پارىسلارنىڭ قوماندانى بەھمان جازەۋەيھ تۇراتتى. پارس قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفىگە: «ياكى سەن بىز تەرەپكە ئۆتكىن، ياكى بىز سەن تەرەپكە ئۆتەيلى» دېگەندە، ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفى: «سەنلەر ئۆلۈمگە بىزدىنمۇ بەك ئاشىق ئەمەس، سەنلەر تەرەپكە بىز ئۆتىمىز» دېدى. ئارقىدىنلا ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆۋرۈك سېلىشقا بۇيرۇدى. كۆۋرۈك پۈتۈپ مۇسۇلمانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، پارىسلار ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئۇلارغا پىل بىلەن ھۇجۇم قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرى ئىلگىرى پىلنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۈركۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئاتلىق قوشۇن چېكىنىپ پىيادىلىك قوشۇنلار سۈسلىشىپ قالدى. پارس قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە زور قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى.

ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفى چېكىنىشنى رەت قىلىپ، تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر قەتئىي تەۋرەنمەستىن جەڭ قىلدى. قوشۇننىڭ باشقا ئەمىرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھىد قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسەننا ئىبنى ھارىس شەيبانى يەنە بىر قېتىم كۆۋرۈك سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، چۈنكى پارىسلار كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن، قوشۇننىڭ قالغان قىسمىنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. تۆت مىڭدىن ئالتە مىڭغىچە كىشى چېكىندى، ئىككى مىڭ كىشى سەھرالارغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت مىڭ كىشى شەھىد قىلىنغان ئىدى. بىر كۈندە تۆت مىڭ كىشىنىڭ شەھىد قىلىنىشى ناھايىتى چوڭ مۇسىبەت بولۇپ، ئىراقتىكى قوشۇن يوقۇلۇپ كېتىپ، ئىراقنىڭ فەتھىسى توختاپ قېلىشقا تاسلا قالغان ئىدى.

بۇنداق ۋاقىتتا خەلىپە يەنە بىر قوشۇننى قەيەردىن ئەۋەتىدۇ؟ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشكە ۋاقىت يار بەرمەيدىغان بولۇپ، ياردەمچى قوشۇن كېلىپ بولغۇچە، ئىراق زېمىنىدا قېلىپ قالغان بۇ قوشۇن بىلەن ئىراقنى فەتىھ قىلىش ئىشى توختاپ قالغان بولاتتى، لېكىن الله بۇ فەتھىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىدى.

مەھمۇد شاكىر مۇنداق دەيدۇ: «الله ھەرقانداق ئورۇندا مۇئمىن ئەر-ئاياللار بىلەن بىرگىدۇر. ئىمانىدا راستچىل مۇسۇلمانلار بىرەر قىيىن شارائىتقا دۇچ كېلىپ قالسا، الله ئۇلارغا

چىقىش يولى بېرىدۇ. ﷲ پارىسلارنى مۇسۇلمانلاردىن توسۇپ قالىدىغان بىر ۋەقەنى سادىر قىلغان بولۇپ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پارىسلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر قىسمى رۇستەم بىلەن، يەنە بىر قىسمى فەيرۇز بىلەن بىرگە بولدى. پارىس قوماندانى بەھمان جازەۋەيھقا قايتىش بۇيرۇقى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پارىس قوشۇنى مەدائىنغا قايتىشقا ئالدىرىدى».

ﷲ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئۇرۇشىغا ئۆزى ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇلار خىلاپەت تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشالىغۇدەك يېتەرلىك پۇرسەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا مۇسۇلمانلار كۈچىيىپ چوڭ بىر قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى. ﷲ تائالا شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. پارىسلار مەدائىندا يۈز بەرگەن پىتنە سەۋەبلىك ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇ ئارىلىقتا مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن كېلىپ پارىسلار بىلەن قايتا ئۇچراشتى. ﷲ مۇئمىنلەرگە ئىراق زېمىنىنى فەتھى قىلىپ بەردى، ھەتتا فەتىھ كېڭىيىپ شەرقتە ئىران زېمىنلىرىغىچە يېتىپ باردى. كېيىن جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتىلىدىغان باشقا جايلارغىچە كېڭىيىپ باردى ۋە بۇ قېتىمقى فەتىھ ئۈزۈن ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى.

تۆتىنچى مىسال

سالاھىددىن ئەييۇبى رەھىمەھۇللاھ ناسارالار شام زېمىنىغا سىڭىپ كىرىپ شام زېمىنىنى بېسىۋالغان، بەيتۇلمۇقەددەس

ناسارالارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىمىزگە ئوخشاشلا دىنىنىڭ مۇقەددەساتلىرى زايە بولۇپ كەتكەن بىر زاماندا تۇغۇلغان ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى رەھىمەھۇللاھ سالىھ ۋە يۈكسەك ھىممەتلىك كىشى بولۇپ، ئەمىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتىلا شام زېمىنىنى فەتھ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى رەھىمەھۇللاھ نۇرىددىن زەنگى تەرىپىدىن ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ماڭاتتى. نۇرىددىن زەنگى بەيتۇلمۇقەددەس تولۇق فەتھ بولماي تۇرۇپ ۋاپات تاپقان ئىدى. نۇرىددىن زەنگى بىر دانە مۇنبەر ياساتقان بولۇپ، ئۇنى «بەيتۇلمۇقەددەس مۇنبىرى» دەپ ئاتايتتى. سالاھىددىن ئەييۇبى رەھىمەھۇللاھ نۇرىددىن زەنگىنىڭ بۇ ھىممىتىنى ئۈدۈم ئالغان ئىدى.

سالاھىددىن ئەييۇبى رەھىمەھۇللاھ تەرەپ ـ تەرەپتە رۇم بىلەن بولغان توقۇنۇشلارنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، توقۇنۇشلار چەكلىك دائىرىدە بولۇشىغا قارىماستىن كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ فەتھ بولۇشقا، قورغان ۋە قەلئەلەر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. بۇ توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ياۋروپاغا يېتىپ بارغاندا، ناسارالارنىڭ كاتتىۋېشى بولغان رۇم پاپىسى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقىرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ــ يەھۇدىيلار تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ

ھۇجۇم بولغان ئىدى. رۇم پاپىسى ياۋروپانىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ناسارالارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگە چىقىشقا چاقىرىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى ۋە پوپلىرىنى ياۋروپانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئەۋەتتى. نەتىجىدە، پاپىنىڭ قېشىغا نۇرغۇن ئەسكەرلەر توپلىنىپ چوڭ بىر ئارمىيە بولۇپ تەشكىللەندى.

ئويلاپ بېقىڭ، بۇنداق چوڭ ئارمىيىگە كىم قوماندانلىق قىلىشى مۇمكىن؟ ياۋروپا ئارمىيىسىدىكى ئادەتتىكى بىر كىچىك گېنېرال قوماندانلىق قىلارمۇ؟ ئەسكىريي قوماندانلىق شتابى قوماندانلىق قىلارمۇ؟ ياق! بەلكى بۇ ئارمىيىگە ئاشۇ زاماندىكى ياۋروپانىڭ مۆتىۋەر پادىشاھلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۈچ كاتتىۋاش قوماندانلىق قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، قىزىل ساقاللىق، يېشى 70~80 دىن ھالقىغان گېرمانىيە پادىشاھى فرىيدرىك بەربەروسا؛ ئىككىنچىسى، فرانسىيە پادىشاھى لويىس؛ يەنە بىرى «شىر يۈرەك» دەپ ئاتالغان ئەنگلىيە پادىشاھى رىيىت شارىت ئىدى. ئۇ ئىنتايىن شىجائەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «شىر يۈرەك» دەپ ئاتالغان ئىدى. ھەتتا ئىبنى ئەسىر ۋە ئىبنى كەسىرگە ئوخشاش مۇسۇلمان تارىخچى ئالىملارمۇ ئۇنىڭ شىجائىتىگە شاھىد بولغان ۋە ئۇنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى قىسسىلەرنى خاتىرىلىگەن ئىدى. ئۇ ئاشۇ دەۋردىكى ياۋروپا پادىشاھلىرى ئىچىدە ئەڭ شىجائەتلىك كىشى بولۇپ، ياۋروپا تارىخىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش «شىر يۈرەك» دەپ ئاتالغان پادىشاھلار بەكمۇ ئاز ئۇچرايتتى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ نەپەر پادىشاھ ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىققان ئىدى. ئىتالىيە دېڭىز فلوتى شۇ دەۋىردىكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز فلوتى بولۇپ، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئاشۇ دېڭىز فلوتى ئارقىلىق قوشۇنلىرىنى دېڭىزدىن يۆتكەشكە ئىتالىيە بىلەن كېلىشكەن ئىدى. ئەسكەرلەر گېرمانىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن توپلانغان بولۇپ، بۇلار ئىتالىيە فلوتى ئارقىلىق دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولغان ئىدى. دېمەك، ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن توپلانغان ئىدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ﴾ «كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر-بىرىگە ئىگىدۇر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەهۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ [51]»[2]. فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئىتالىيە دېڭىز فلوتىغا سىغقان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە پادىشاھى فىرىدىرىك بەربەروسانىڭ قوشۇنلىرى بەك

[1] سۈرە ئەنفال 73- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 51- ئايەت.

كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتالىيە دېڭىز فلوتىغا سىغماي، قۇرۇقلۇقتا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئىبنى ئەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار شۇ ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يولىدىن چوڭ بىر جەڭگە چىققان».

ئۇنداقتا فىرىيدىرىك بەربەروسا بىلەن چىققان قوشۇننىڭ سانى زادى قانچىلىك؟ ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار ۋە ياۋروپالىقلار ئارىسىدا <گېرمانىيە پادىشاھى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپتۇ> دېگەن خەۋەر كەڭ تارقالغان. شۇ دەۋردە 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى كۆپ سان دەپ ئېتىبارغا ئېلىناتتى».

سالاھىددىن ئەييۇبىمۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگە چىقىشقا چاقىرىق قىلدى. گەرچە مۇنتىزىم قوشۇن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەڭگە چىقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بارلىق كىشىلەرنى بۇ جەڭگە چىقىشقا چاقىرىق قىلغان ئىدى. بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى، تۈركمەن ئەرەبلىرى ۋە سەھرادىكى ئەرەبلەر ۋە ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن بىر جامائەت ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەڭگە چىققان ئىدى.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر توپ كىشىلەر شامدا جىھاد قىلىشقا ئىنتىلگەنلىكتىن تەييار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ياۋروپالىقلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر

يېتىپ كەلگەندە، ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر قايتىپ كەتكەن ئىدى». مانا بۇ ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. لېكىن ئىبنى ئەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھالەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئېيتىلغىنىدەك ئىدى: ﴿**إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا۝هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا**۝﴾ <ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار [10]. بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى [11]> ①».

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاشۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ۋە مۇسۇلمانلارمۇ قورقۇپ، ناھايىتى ۋەھىمىگە چۈشكەن ئىدى. ھەتتا سالاھىددىن ئەييۇبىمۇ تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئۇنچە كۆپ ساندىن ئەنسىرىگەن ئىدى».

بىز ئۇلارنىڭ (ئالىملار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ) نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكەنلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە شۇ ئىشلارنىڭ ئېنىق

---

① سۈرە ئەھزاب 10- ۋە 11- ئايەتلەر.

تەپسىلاتىنى بىلمەيمىز. ئەمما ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ ياۋروپالىقلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئۇلارغا يەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. لېكىن ئۇنىڭ ئېنىق بىر سەۋەبى بولۇشى كېرەك. نېگىزلىك سەۋەب زادى نېمە؟ ئۇلار (يەنى قايتىپ كەتكەنلەر) سالاھىددىن ئەييۇبى يېتەرلىك تەييارلىق يوق تۇرۇپ ئۇممەتنى ھاڭغا ئىتتىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ دېيىشكەنمۇ؟ ياكى يېتەرلىك تەييارلىق يوق تۇرۇپ كۈچلۈك بىر جەڭگە كىشىلەرنى بىراقلا دوغا تىكىش ئاقىلانىلىك ئەمەس دېيىشكەنمۇ؟ ياكى سالاھىددىن ئەييۇبى سالماقلىق بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك دېيىشكەنمۇ؟ ياكى سالاھىددىن ئەييۇبى ئاۋۋال كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى الله يولىدىكى جىھادقا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى دېيىشكەنمۇ؟ بۇ سۆزلەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلغان، ئەمما كىملەرنىڭ ئېيتقانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇلار قايتىپ كېتىشكەن ئىدى.

ئى قېرىندىشىم! كىشىلەرگە قاراپ ھەقنى تونۇيالمايسىز، بەلكى ھەقنى تونۇغىنىڭىزدىلا ھەق ئەھلىنى تونۇيالايسىز. گاھىدا ئىلمى ئاز كىشىمۇ بەزى ئىشلاردا الله تائالا ئاتا قىلغان ھىدايەت ۋە نۇر ئارقىلىق، ئىلىمدە يېتىلگەن پەزىلەتلىك كىشىلەر يېتەلمىگەن مەرتىۋىگە يېتەلەيدۇ. شۇنداقلا، بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئىنتايىن تەبىئىيدۇر. ئالىم بولسۇن

ياكى ئاۋام خەلق بولسۇن، پەيغەمبەر ﷺ دىن باشقا هېچبىر كىشى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاك ئەمەستۇر. بەزىدە ئۇممەت ئىچىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان كىشى خاتالىشىپ قالسا، يەنە بەزىدە ئىلىملىك كىشىمۇ خاتالىشىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سالاھىددىن ئەييۇبىنى راستچىل، توغرا يولدا ماڭغان؛ جەڭدىن قايتىپ كەتكەن ئالىملارنى بولسا خاتالاشقان دەپ قارايمىز.

سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئىلمى مول بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسكىرىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئەسلى كورد مىللىتىدىن بولۇپ، گەرچە ئەرەب بولمىسىمۇ ئەرەب تىلىنى ياخشى سۆزلەيتتى. سالاھىددىن ئەييۇبى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا بەزى ئالىملاردىن تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئەسكىرىي ئىلىم ئېلىش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئىدى.

ئاشۇ زاماندا ئەسكىرىي تەلىم ـ تەربىيىدە تەربىيىلەنگەن كىشى فىقھى ۋە ئەقىدە توغرىسىدىكى بەزى كىتابلارنىمۇ ئوقۇيتتى. سالاھىددىن ئەييۇبى گەرچە ئىلىمنىڭ موللۇقى بىلەن تونۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرىددىن زەنگىنىڭ ۋاقتىدىكى كىشىلەر تەرىپلىگەندەك، ئالىملارنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتى، ئالىملارچە سۆز قىلمىسىمۇ، فىقھىنى ياخشى بىلەتتى.

سالاھىددىن ئەييۇبىغا نىسبەتەن ئىش باشقىچە بولغان بولۇپ، الله تائالا ئۇنى توغرا يولغا هىدايەت قىلغان ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ

﴿الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۇچۇن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [69]» ①. ئۇ الله يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلدى، شۇ سەۋەبلىك الله ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىدى.

